باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلاھ قىلىش - يېڭىلىق يارىتىشنى تېزلىتىپ، ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يولداش جاڭ فۇچىڭنىڭ ئۆلگىلىك ئىش ئىزلىرى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىدە يولداش جاڭ فۇچىڭنىڭ ئۆلگىلىك ئىش ئىزلىرىنى جانلىق دەرسلىك قىلىپ، ئۇنىڭ پارتىيەگە سادىق بولۇپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇمايدىغان سىياسىي خىسلىتىدىن، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەش، شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشىدىغان ئېسىل ئىستىلىدىن، ئاددىي - ساددا، ساپ، نام - مەنپەئەتكە بېرىلمەيدىغان ئالىيجاناب خىسلىتىدىن، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەشتەك كىشىلىك ھايات پوزىتسىيەسىدىن ئۆگىنىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنى ئۈلگىلەردىن كۈچ ئېلىپ، ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەتنى چىڭ ساقلاپ بۇرچنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىگە ئېلىپ، بوشاشماي كۈرەش قىلىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋرنىڭ كۈرەشچىلىرىدىن بولۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن قۇدرەتلىك كۈچ مۇجەسسەملەشكە رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھازىر دەل ياز پەسلى، يازلىق تەتىل مەزگىلى ۋە ساياھەتنىڭ ئاۋات مەزگىلى يېتىپ كەلدى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بەزى جايلاردا يامغۇر ئەھۋالى، كەلكۈن ئەھۋالى گەۋدىلىك بولۇپ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش ۋەزىپىسى مۈشكۈل. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى، تەلەپلىرىگە قەتئىي بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، بىخەتەرلىكنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، بىخۇدلۇق ئىدىيەسى ۋە تەلەي سىناش پسىخىكىسىنى قەتئىي يېڭىپ، خىزمەت لايىھەسىنى ئىلمىي تۈزۈپ، مۇھىم نۇقتىنى چىڭ كۆزلەپ، ئۆلچەپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، تۈرلۈك يوشۇرۇن خەۋپلەرنى ئومۇميۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، خەۋپ - خەتەر ئەسكەرتىمىسىنى ۋاقتىدا ئېلان قىلىپ، جىددىي خەتەردىن ساقلىنىش مانېۋىرىنى كۈچەيتىپ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتنى كونترول قىلىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىندا پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ساياھەت خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش+3+3+1» خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە ساياھەت خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنى ساياھەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، «يۇقىرى دەرىجىلىك، خاس، ئېسىل» تەرەققىيات ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىپ، گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، ساياھەتچىلىك تەرەققىياتىدىكى بوغما ھالەتنى بۆسۈپ تاشلاپ، «شىنجاڭ ياخشى جاي»نى ياڭرىتىپ، ساياھەتچىلىكنىڭ زور تەرەققىياتى، تېز تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، تىرىشىپ دۇنيادىكى مۇھىم ساياھەت مەنزىلگاھى قۇرۇپ، ساياھەت بايلىقى چوڭ رايوندىن ساياھەت ئىقتىسادى كۈچلۈك رايونغا ئۆزگىرىشنى تېز ئىشقا ئاشۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى كۈچلۈك تىرەككە ئىگە قىلىش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ۋاڭ جۈنجېڭ، جى جېڭ، سارقىت ئاقان، جاڭ چۈنلىن يىغىنغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايوننىڭ تەشۋىقات - مەدەنىيەت سىستېمىسى تاراتقۇلارنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتى بويىچە مەخسۇس تېمىلىق لېكسىيە ئۆتكۈزدى

مۇخبىرىمىز **ما يىنىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ تەشۋىقات - مەدەنىيەت سىستېمىسى تاراتقۇلارنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتى بويىچە مەخسۇس تېمىلىق لېكسىيە ئۆتكۈزدى. خەلق تورى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، باش مۇدىر، لىدىر يې جېنجېن باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تاراتقۇلارنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، ئاساسىي ئېقىم ئاممىۋى پىكىرنى زورايتىش، كۈچەيتىش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى چۆرىدەپ، خەلق گېزىتخانىسىنىڭ تاراتقۇلارنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «پۈتۈن تاراتقۇ دەۋرى: غايەت زور ئۆزگىرىش ئەمدىلا باشلاندى» دېگەن تېمىدا مەخسۇس تېمىلىق لېكسىيە سۆزلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى تيەن ۋېن لېكسىيەگە رىياسەتچىلىك قىلدى.

يې جېنجېن باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ 12 - قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىدە قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى نۇقتىلىق چۆرىدەپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «پۈتۈن تاراتقۇ دەۋرى» «تۆت پۈتۈن تاراتقۇ» قاتارلىقلار توغرىسىدىكى مۇھىم ھۆكۈملىرىنى چوڭقۇر شەرھلىدى، خەلقئارا، دۆلەت ئىچىدىكى تاراتقۇلارنىڭ يۇغۇرۇلۇشىغا دائىر مىساللارنى تەھلىل قىلدى، پۈتۈن تاراتقۇ دەۋرىدە ئاخبارات تارقىتىش تېخنىكىسىنى قانداق ئەللاشتۇرۇش، يۇغۇرما تارقىتىش مەزمۇنىدا يېڭىلىق يارىتىش، يېڭى تىپتىكى تارقىتىش سۇپىسى بەرپا قىلىش، ئاخبارات تارقىتىشنىڭ قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىشنى سىستېمىلىق شەرھلىدى.

تيەن ۋېن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ قېتىمقى لېكسىيە ئاپتونوم رايوننىڭ باش شۇجىنىڭ تاراتقۇلارنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش توغرىسىدىكى مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى بىر تۈرلۈك كونكرېت تەدبىرى. ئاپتونوم رايوننىڭ تەشۋىقات - مەدەنىيەت سىستېمىسى، ھەرقايسى ئاساسلىق ئاخبارات ئورۇنلىرى ۋە ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بۇ قېتىمقى مەخسۇس تېمىلىق لېكسىيەگە بىرلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تاراتقۇلارنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشى، تاراتقۇلارنىڭ يۇغۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ راۋاجلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش چوڭ يۈزلىنىشنى ئىگىلەپ، يېڭى تىپتىكى ئاساسىي ئېقىم تاراتقۇلىرىنى قۇرۇش چوڭ ۋەزىيىتىگە ماسلىشىپ، ئاساسىي قوشۇننى ئاساسىي بازىغا كىرگۈزۈپ، يېڭى تىپتىكى ئاساسىي ئېقىم ئاممىۋى پىكىرنى زورايتىشى، كۈچەيتىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ۋە تەشۋىقات - مەدەنىيەت سىستېمىسىدىكى 400دىن ئارتۇق كىشى لېكسىيەنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى.

«ماڭا بىر پارچە چۆللۈك بەرسىڭىز، سىزگە بىر پارچە بوستانلىق قايتۇرىمەن»

(بېشى 1 - بەتتە)

ئۇ باشلامچىلىق بىلەن جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز پايچەكلىك شىركىتى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى نېفىت - تەبىئىي گاز توشۇش - سېتىش بۆلۈمى ياقا قاچىلاش بېكىتىدە 266 مىڭ كۋادرات مېتىر ئورمان بىنا قىلدى، ئۇ يەردىكى خادىملارنىڭ ئورمان بەلبېغىدىكى ياڭاق، چىلانلارنى يەۋاتقىنىغا نەچچە يىل بولغانىدى.

كۆكيار كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى ھەربىر ئاقسۇلۇقنى پەخىرلەندۈرىدىغان بولۇپ، بى كېشيەننىڭ كۆكيار بىلەن بولغان مۇھەببىتى تېخىمۇ ئۆزگىچە ئىدى.

1986 - يىلى 6 - ئايدا، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك تەجرىبە ئورمانچىلىق مەيدانىدا مەيدان باشلىقى بولغان بى كېشيەن ھەر كۈنى بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتى. خىزمەتكە قاتناشقان 30 يىلدا، ئۇنىڭ ئالدىدىكى 500 مو كۆچەتخانىدىن 100 مىڭ مودىن ئارتۇق ئورمان بەلبېغى بارلىققا كەلدى. ئەينى چاغدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى بولغان شىي فۇپىڭ ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ، ئاقسۇ شەھەر ئەتراپىدىكى دۆڭلۈكتە كۆچەت تىككىلى بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى سورىدى. «كۆكيار تەكچىسى» دەپ ئاتالغان دۆڭلۈكتە ئەگەر دەل - دەرەخلەر ئورمانلىققا ئايلانسا، شەھەر رايونىنى قاپلايدىغان قۇم - بورانىنى تىزگىنلىگىلى بولاتتى.

«چاتاق يوق!» دېدى چۆللۈكتە ئورمان بىنا قىلىش تەجرىبىسى مول بولغان بى كېشيەن.

تەشكىل بى كېشيەننى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئورمانچىلىق باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. ئۇ كۈندە ئىشخانىدا ئولتۇرۇپ، كۆچەت تىكەلمەيدىغان ئوخشايمەن، دەپ قاراپ، ئورمانچىلىق مەيدانىغا قايتىپ كۆچەت تىكىشنى، ھېچبولمىغاندا ئادەتتىكى بىر خىزمەتچى بولسىمۇ بولىدىغانلىقىنى تەلەپ قىلدى، ئۆزىنىڭ دۆڭلۈككە كۆچەت تىكىدىغانلىقىنى، قانچىلىك تىكمەكچى بولسا شۇنچىلىك تىكسە بولىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ چىرايىدا خۇشاللىق جىلۋىلەندى.

■ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقنى يېڭىش پەقەت يېشىللىق ئۈچۈن

قەدىمكى چۆللۈكتىكى كۆكيار تەكچىسىگە كۆچەت تىكىشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى بى كېشيەننىڭ تەسەۋۋۇرىدىن ھالقىپ كەتتى.

بۇ يەرنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئاقسۇ شەھەر رايونىدىن ئېگىز بولۇپ، يەر شەكلى تەكشى ئەمەس، ھەممىلا يەر شورلاشقان، گىياھ ئۈنمەيتتى.

«ئەينى چاغدا مېنىڭ لايىھەم بويىچە، ئالدى بىلەن سۇ باشلاپ، ئاندىن ئورمان بىنا قىلىدىغان، ئالدى بىلەن شەھەر ئىچىدە، ئاندىن شەھەر سىرتىدا، ئالدى بىلەن بوراندىن مۇداپىئەلىنىش ئورمىنى بىنا قىلىپ، ئاندىن ئىقتىسادىي ئورمان بىنا قىلىدىغان، شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ تەدرىجىي ئالغا سىلجىتىدىغان بولغان» دېدى بى كېشيەن ئەسلەپ.

سۇ باشلاش ئۆستىڭى چاپقاندا، كۆكيار تەكچىسىدىكى جىلغىلار گىرەلىشىپ كەتكەنلىكتىن، كۆپلىگەن توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىنى يۆتكەپ كېلىپ يەرنى تۈزلەشكە توغرا كەلدى. بى كېشيەن ئېگىز تەكچىگە بىرىزېنت چېدىر تىكىپ، ئۇنى ئىشخانا قىلدى، تاماقى، ياتىقى شۇ يەردە بولدى.

قۇرۇلۇش مەيدانىدا چاڭ - توزان بەك كۆپ بولغاچقا، نەق مەيداندا قوماندانلىق قىلىۋاتقان بى كېشيەننىڭ ئۈستىبېشىنى توپا بېسىپ كېتەتتى. بىر سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بۇرۇن تۆشۈكلىرى توپىغا تولۇپ كېتەتتى.

قاقاس چۆللۈكتە شورلىشىشنىڭ تەسىرىدە بەزى جايلاردا تۇپراقنىڭ قېتىشىشى ئېغىر ئىدى. بى كېشيەن ئىشچىلارنى باشلاپ جوتۇ، بازغان بىلەن ئاز - ئازدىن كولايتتى. يىل بويى كۆچەت تىككەنلىكتىن، قوللىرىنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇپ، تىرناقلىرى ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭكىدىن ئىككى - ئۈچ ھەسسە قېلىن، بارماقلىرىمۇ ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭكىدىن توم، يوغان ئىدى.

مەبلەغنى تېجەش ئۈچۈن، بى كېشيەن ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ھەرقايسى ئورمانچىلىق مەيدانلىرىدىن تېخنىك خادىملارنى يۆتكەپ كېلىپ، ئۇلارنى باشلاپ كۆچەت يېتىشتۈردى.

ئەي بولۇش نىسبىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بى كېشيەن قوبۇل قىلىنغان ئىشچىلارنى بىرتۇتاش تەربىيەلەپ، تىككەن كۆچەتلەرنى بىرتۇتاش ئوغۇتلىدى، بىرتۇتاش چاتىدى، بىرتۇتاش مېۋىسىنى شاللاتتى. بەش يىل ئىچىدە، ئۇ ئاقسۇ ۋىلايىتى ئۈچۈن زور بىر تۈركۈم باغ - ئورمانچىلىق باشقۇرۇش ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەردى.

كۆكيار كۆكەرتىش قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلۇپ 10 - يىلغا كەلگەندە، سۈنئىي ھەمراھتا تارتىلغان سۈرەتتە كۆرسىتىلىشچە، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شىمالىي چېتىدە يېشىل رەڭ پەيدا بولغان، بۇ دەل ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 25 كىلومېتىر، كەڭلىكى 300 مېتىردىن 3000 مېتىرغىچە كېلىدىغان كۆكيار سۈنئىي ئىھاتە ئورمىنى ئىدى.

يەنە شۇ يىلى، بى كېشيەن پېنسىيەگە چىقماقچى بولغانىدى. ئەينى چاغدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى بولغان شيۇڭ خۇيىن ئۇنىڭغا: «لاۋبى، كەتسىڭىز، بۇ نەچچە يۈز مىڭ مو يەردىكى دەرەختىن خاتىرجەم بولالامسىز؟» دېگەندە، بى كېشيەن پېنسىيەگە چىقىش ئىلتىماس دوكلاتىنى قايتۇرۇۋېلىپ: «ئۇنداقتا مەن يەنە تىرىشىپ، باغ - ئورمانچىلىق كەسپىنىڭ سەۋىيەسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئاندىن پېنسىيەگە چىقاي» دېگەنىدى.

■ ئەسلىي مەقسەتنى مەڭگۈ ساقلاش يېشىللىقنى قوغداش

1998 - يىلى، كۆكياردىكى ئۈزۈم تاللىرى مۇزلىدى، نەشپۈت دەرەخلىرى شاخلىرىنى كۆتۈرەلمەي قالدى، ئۇلانغان ئالمىلار ئۆزگىچە تەمگە كىردى. بى كېشيەن خاتىرجەم بولۇپ، يەنە بىر قېتىم پېنسىيەگە چىقىش ئىلتىماسى سۇندى.

«سىز گوۋۇيۈەنىڭ ئالاھىدە ياردەم پۇلىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان مۇتەخەسسىس بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن، كۆكيار كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساس سالغۇچىلىرىنىڭ بىرى، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ باغ - ئورمانچىلىق تەرەققىياتىنىڭ تۆھپىكارى. بىز سىزنىڭ پېنسىيەگە چىقىشىڭىزنى مۇددەتسىز كەينىگە سۈرسەك بولمايدۇ، لېكىن سىز پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن، ھەرگىزمۇ پېنسىيەگە چىقتىم دەپلا دەم ئېلىۋەرسىڭىز بولمايدۇ، يەنە داۋاملىق بىزنىڭ ئاقسۇ ئۈچۈن تۆھپە قوشۇڭ جۇمۇ» دېدى ئەينى چاغدا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى بولغان خۇۋ چاڭئەن چوڭقۇر ھېسسىياتى بىلەن بى كېشيەنگە.

بى كېشيەن جاۋابەن مۇنداق دېدى: «كۆكياردا مەن ناھايىتى كۆپ ھاسىلاتقا ئېرىشتىم. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، ئىنتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك تىكلەش، شەخسىيەتسىز تۆھپە قوشۇشتەك كۆكيار روھى ئاقسۇدىكى نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ مەڭگۈ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولۇپلا قالماي، يەنە مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تىنىقىمغىچە كۈرەش قىلىشىمدىكى مەڭگۈ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، مەن ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە دەل - دەرەخلەرگە ھەمراھ بولىمەن».

ئەمدىلا پېنسىيەگە چىققان بى كېشيەننى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئەلا سۈپەتلىك باغۋەنچىلىك بازىسى تېخنىكا مەسلىھەتچىسىلىككە تەكلىپ قىلدى، ئۇنىڭ خىزمىتى خىزمەت قىلىۋاتقان ۋاقىتتىكىدىن ئازراقمۇ يېنىك ئەمەس ئىدى. 2002 - يىلى، جۇڭگو نېفىت - تەبىئىي گاز پايچەكلىك شىركىتى تارىم نېفىتلىكى شۆبە شىركىتى ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ، ئۇنىڭ چۆللۈكتىكى نېفىت بازىسىغا بېرىپ كۆكەرتىشكە ياردەملىشىشنى ئۈمىد قىلدى. بى كېشيەننىڭ خوتۇنى بۇنى خالىماي، ئۇنى ئەيىبلەپ مۇنداق دېدى: «جاپا - مۇشەققەت بىلەن بىر ئۆمۈر كۆچەت تىكتىڭىز، ياشانغاندا بولسىمۇ دەم ئېلىپ ئازادە ياشىمامسىز؟»

دەل - دەرەخلەرنى ھاياتىدەك سۆيىدىغان بى كېشيەننىڭ ئالدىدا، خوتۇنى ئەڭ ئاخىر يول قويۇشنى تاللىدى. 2011 - يىلى، خۇبېي ئۆلكىسىدىكى بىر كارخانىدا مۇئاۋىن باش ئىنژېنېر بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئوغلى بى ۋېيچىمۇ خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ چۆل - باياۋانغا كېلىپ دادىسىنىڭ كۆچەت تىكىشى، كۆچەتلەرنى باشقۇرۇشىغا ياردەملەشتى.

بى كېشيەننىڭ چۆللۈكتە ئورمان بىنا قىلىش ئىشلىرى داۋاملىشىۋاتىدۇ، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ كۆكيار روھىغا ۋارىسلىق قىلىنىۋاتىدۇ. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، ئاقسۇ ۋىلايىتى ئېكولوگىيەنى قوغداش جېڭىنى ئومۇميۈزلۈك باشلىدى، ئاقسۇ دەرياسى ۋادىسى، ئۆگەن دەرياسى ۋادىسى ۋە كوڭتەيلىك رايوندىكى مىليون مولۇق ئۈچ ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىمۇ كەينى - كەينىدىن باشلاندى. شۇ يىلى كۆكيار تەكچىسىدە مۆجىزە ياراتقان بى كېشيەن قاتارلىق پېشقەدەم بىر ئەۋلاد ئورمان بىنا قىلغۇچىلار كۆكيارنىڭ يېشىللىق كۆلىمىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىدە، قەلبى خۇشاللىققا چۆمۈپ، روھى ئۇرغۇدى. بۈلتۈر، ھەرقايسى تاراتقۇلار كۆكيار كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىنى مەركەزلىك خەۋەر قىلدى. بى كېشيەن زىيارەتنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق دېدى: «مەن پەقەت ئۆزۈم قىلىشقا تېگىشلىك ئازراق ئىشنى قىلدىم، كۆكيار كۆكەرتىش قۇرۇلۇشىنى مەن ئىككى جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلايمەن: بىرى، ھەر نۆۋەتلىك ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشى ياخشى بولدى، يەنە بىرى، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئاقسۇلۇقلار ئىشنى ياخشى قىلدى».

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭى باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى

ئومۇمىي تەلەپنى چۆرىدەپ باش تېما تەربىيەسىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا يېتەكلىدى

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي
بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

گېزىتىمىز خەۋىرى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭى «ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاش، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش، پەرقلەرنى تېپىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش» ئومۇمىي تەلىپىنى زىچ چۆرىدەپ، نىشان يۆنىلىشى ۋە مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۆگىنىش - تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى باش تېما تەربىيەسىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭى بالدۇر تەييارلىق قىلىش، بالدۇر ھەرىكەتكە كېلىشتە چىڭ تۇرۇپ، 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى سەپەرۋەرلىك، ئورۇنلاشتۇرما يىغىنى ئېچىپ، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈش، نىشان - ۋەزىپىلەرنى ئېنىقلاش، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردە باش تېما تەربىيەسى خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسى مەركەزلىك ئۆگىنىش+گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ مۇزاكىرە قىلىپ ئۆگىنىش+شەخسلەر ئۆز ئالدىغا ئۆگىنىش+يىغىندا پىكىر ئالماشتۇرۇپ ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۆگىنىش ۋاستىسىدە يېڭىلىق يارىتىپ، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۆگىنىش - تەربىيەدە خاسلىق بولۇشقا، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى. زۆرۈر ئوقۇشقا تېگىشلىك مۇندەرىجىلەرنى، نۇقتىلىق مۇندەرىجىلەرنى، ھەر ئايدىكى ئۆگىنىش تىزىملىكى بىلەن شەخسلەرنىڭ ئۆگىنىش تىزىملىكىنى تۈزۈپ، خادىم، ۋاقىت، مەزمۇن، ئۈنۈمدىن ئىبارەت «تۆتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش»كە ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى، بارلىق پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش - تەربىيەنى ماس قەدەمدە ئېلىپ بېرىشى، ئومۇميۈزلۈك قاپلىشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى. پارتىيە ياچېيكىسى ئۆگىنىشىدە، پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلاردىن مەۋقەنى ئىش ئورنى ئەمەلىيىتى ۋە خىزمەت ئېھتىياجىغا قويۇپ، سىياسەت ئۆگىنىش، كەسىپ ئۆگىنىش، ئۇسۇل ئۆگىنىش، تەجرىبە ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە مەسىلىنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىشنى نۇقتىلىق قانات يايدۇرۇپ، ھەققىي تۈردە مەسىلىلەرنى توغرا تېپىپ چىقىپ، ئېنىقلاپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، خىزمەتلەرنى ياخشىلاشنىڭ چارە - تەدبىرلىرىنى تەتقىق قىلىپ، ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش جەريانىنى نەزەرىيە ئۆزلەشتۈرۈشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، پارتىيە بىلەن ئامما، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇش، ئىقتىدار سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىككە تۈرتكە بولۇش جەريانىغا ئايلاندۇردى.